# سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھات نىشانى بېكىتىلدى




**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيىدا، جياڭ زېمىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىش. جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمى بۇنىڭ بىلەن يەنىمۇ تېزلەشتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيەمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش جەريانىدا، پىلان بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازار يۆنىلىش قىلىنغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ پىكىر يولىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى.

1992 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبتا قىلغان سۆزى پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكى جەمئىيەت ئاساسىي تۈزۈمى كاتېگورىيەسىگە تەۋە دەپ قارايدىغان ئىدىيە ئاسارىتىنى تۆپتىن يوقاتتى.

1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، جياڭ زېمىن مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا، ئۆزىنىڭ پىلان بىلەن بازار مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئوي ـ پىكرىنى بايان قىلدى. جياڭ زېمىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: «مېنىڭ شەخسىي كۆز قارىشىم ‹سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى›نى قوللىنىش دېگەن بۇ قاراشقا بىرقەدەر مايىل.» بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 14 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىشى ئۈچۈن ئىدىيەۋى ئاساس سالدى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئېچىلغان پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىش ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نىشانىدىكى مۇھىم، زور بۆسۈش.

1993 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىپ ماقۇللىنىپ، پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ۋە پىرىنسىپى كونكرېتلاشتۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىشنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە تەلىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي يىرىك پىلانى ۋە ئاساسىي رامكىسى سىزىپ بېرىلدى. بۇ قارار 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسىغا ئايلاندى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىشتىكى ئىسلاھات نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىدىكى بىر ئاچقۇچلۇق مەسىلە ھەل قىلىندى، بۇ، ماركسىزملىق ئىقتىساد نەزەرىيەسىگە نىسبەتەن ئىجادىي خاراكتېرلىك تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ.

# تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كەيپىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى توغرا تېپىپ چىقىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## ■ بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈش مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، مەنبەنى قېزىپ، تۈگۈننى تېپىش

يېزا ـ كەنت، مەھەللە، كارخانا، قاراشلىق ئورۇنلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دېھقانلار، مەھەللە ئاھالىلىرى، كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرى، كادىرلار، ئامما بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇردى، سۆھبەتلەشتى... ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەردىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق 12 تەرەپنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ، نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى ياخشىلاپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ تۆت يۈرۈش بەنزە ئەزالىرى «ئەمەلىي بولۇش»نى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، «تىرىك بېلىق تۇتۇش» «تەييار مالنى سۈزۈۋېلىش»تەك نەق مەيدان خىزمەت ئۇسۇلىنى قوللاندى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، دىققەتنى مەسىلىنىڭ «پەيدا بولۇش نۇقتىسى» «مەركەزلىك نۇقتىسى» «ھالقىلىق نۇقتىسى»غا مەركەزلەشتۈرۈپ، نەق مەيداندا زىيارەت قىلىش، سۆھبەتلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، سىردىشىش، سۆزلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئەھۋالنى ھەقىقىي ئىگىلەپ، تۈگۈننى تولۇق تەھلىل قىلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش، خىزمەتنى ياخشىلاشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بەنزە ئەزالىرى بۆلەكلەرگە ئايرىپ مەركەزلىك ئۆگىنىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش بىلەن تەتقىق قىلىشنى گىرەلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى، ئۆگىنىش ئارىلىقىدا بۆلۈنۈپ 11 ناھىيە، شەھەردىكى 41 كەنت(مەھەللە)كە بېرىپ مەخسۇس تېمىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى، بەش كەنتنى «قوشقاچ ئوپېراتسىيەسى» شەكلىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، جەمئىي 23 قېتىم سۆھبەتلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، نۇقتىدا تۇرۇپ 96 ئائىلىنى زىيارەت قىلىپ، 165 ئائىلىنى تاللاپ تەھلىل قىلىپ، 25 جەھەتتىكى مەسىلىنى بايقىدى ۋە تەكشۈرۈپ كۆزەتتى، 16مەسىلىنى بىلگەن ھامان ئۆزگەرتتى. كۆپچىلىك ئومۇميۈزلۈك مۇنداق ئىنكاس قىلدى: بىرىنچى سەپكە بېرىپ ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، مەسىلىگە تەدبىقلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەمەلىي تەدبىرى، قاتتىق تەدبىرىنى تۈزۈپ چىققاندا، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەندىشە قىلىدىغان، باش قاتۇرىدىغان، غەم قىلىدىغان ئىشلارنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى پارتكومى «ئۆچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق 12 جەھەتتىكى تېما بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، مەكتەپ پارتكومىنىڭ بەنزە ئەزالىرى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى، ياش ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلاردىن بولۇپ تۆت قاتلام بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ھەم نەق مەيداندا زىيارەت قىلىش، سوئال ـ جاۋاب قەغىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار دەرسخانا، ياتاقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈزتۇرا سۆھبەتلىشىپ، تۈرلۈك جىددىي، قىيىن، غەم قىلىۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ئېنىقلىدى.

## ■ بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش، ئىشلىتىشنى ياخشى تۇتۇش

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان مەسىلىلەرگە قارىتا نەق مەيداندا ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىرىنى دەرھال بېجىردى، ۋاقىتنچە ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىرىنىڭ باسقۇچلۇق نىشان، ۋاقىت چېكى تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، چىڭ كۆزلەپ قويۇپ بەرمەي، سىجىل تۈزىتىپ، بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى پارتگورۇپپىسى تارماقلارنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى چىڭ ئىگىلەپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى باش تېما تەربىيەسىدە تۈزىتىدىغان، ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان «بىرىنچى نومۇرلۇق قۇرۇلۇش» قىلدى، پارتگورۇپپا شۇجىسى بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئەمەلىي تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەسىلىنى تۈزىتىش لايىھەسىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىشقا تەشكىللەپ، تۈرلەشتۈرۈش شەكلى بويىچە ئالغا سىلجىتتى. «ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلە»لەرگە قارىتا، «بىر ئائىلە بايقالسا، بىر ئائىلىنى بېكىتىش، بىر ئائىلىگە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، بىر ئائىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش» ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۆلەش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق ياردەم بەردى. ھازىرغا قەدەر، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلاردىن 1680 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەرنى 24 سائەت ئىچىدە ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 4.5% ئىچىدە تىزگىنلىدى، شەھەر ـ بازارلاردىكى ھەربىر ئائىلىدە كەم دېگەندىمۇ بىر ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

شايار ناھىيەلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى ئاممىنى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاشتا «كىنىشكا بېجىرىش تەس بولۇش» مەسىلىسىگە قارىتا، مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرى بىلەن ئەستايىدىل سۆھبەتلىشىپ، ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ، «بىر نومۇر بىلەن بىر كۆزنەكتە بىر قېتىمدىلا بېجىرىپ تۈگىتىش»نى يولغا قويدى. تەرتىپنى ئەللاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىلگىرىكى ئامما كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى بېجىرگەندە تۆت تارماققا قاتراش، كىنىشكا بېجىرىش ۋاقىت چېكى 35 خىزمەت كۈنىگە يېتىش ئەھۋالىنى بۈگۈنكى كۈندە بىر تارماققىلا بېرىش، بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقىت چېكىنى ئون خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىشقا ئۆزگەرتىپ، «بىرلا ئىشىكتىن كىرىش» «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىرىغا، تەقەززا بولۇۋاتقانلىرىغا جاۋاب قايتۇردى.

ئالتاي ۋىلايەتلىك سىياسىي ـ قانۇن ئورگىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئاشكارا قانۇن ئىجرا قىلىشنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىپ، ساقچى ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش، تەپتىش ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش، رېۋىزىيە ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەت نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، «يەڭ سودىسى» قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، مۇلازىمەت بايلىقنى ئەللاشتۇرۇپ بىرلەشتۈرۈپ، «بىر پونكىت شەكلى» «توردا خەلققە قولايلىق يارىتىش» «تۇنجى قوبۇل قىلغۇچى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى»دىن ئىبارەت خەلققە قولايلىق يارىتىش تەدبىرى بويىچە ئالتە تۈرلۈك تۈزىتىش ۋەدىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نازارەت قىلىپ پاش قىلىش تېلېفونى تەسىس قىلىپ، تۈزىتىش ۋەدىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

**(مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات، شيا چىڭ، جاۋ شيا، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ليۇ ۋېنخۇا، رېن خۇڭفاڭ، بەي گۈيۈن، مېي لى، بارشا، لى يافېڭ يازغان)**




# شۇ شىنجيەن: ھاياتى ئارقىلىق ۋەتىنىنىڭ چېگرا مۇداپىئە سېپىنى قوغداش



شۇ شىنجيەننىڭ سۈرىتى. □ (شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر سۈن شاۋشيۇڭ)** ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرا رايونىدىكى پامىر ئېگىزلىكىدە، ئىنقىلابىي قۇربان شۇ شىنجيەننىڭ ھاياتى ئارقىلىق چېگرا مۇداپىئە سېپىنى قوغدىغانلىقىدەك قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ھېلىھەم مەدھىيەلەنمەكتە، شۇ جايدىكى پۇقرالار، خەلق ساقچىلىرى ھەر يىلى ئۆزلۈكىدىن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ قەبرە يوقلاپ ـ سۈپۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىغا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

شۇ شىنجيەن، خەنزۇ، 1955 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان، سىچۇەننىڭ خۇڭيا ناھىيەسىدىن، 1975 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن، ھايات چېغىدا شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى ئاقتۇ چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي جىياۋداۋيۈەنى بولغان، 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئاقتۇ ناھىيەسى بارىن يېزىسىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىگە قاتنىشىپ قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 35 ياشتا ئىدى. 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئۇ ئىنقىلابىي قۇربان بولۇپ باھالانغان، شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىم سىياسىي بۆلۈمى شۇ شىنجيەنگە «چېگرا رايون قوغدىغۇچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن.

شىنجاڭ ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان، 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەردە، بۇ جاينىڭ خاتىرجەملىكى، ئىناقلىقى توپىلاڭچىلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشى بىلەن بۇزۇلغان. شۇ كۈنى، بىر توپ توپىلاڭچى 200گە يېقىن ئادىمى بار قوشۇننى باشلاپ يېزىلىق ھۆكۈمەتنى قورشىۋالغان ھەم ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان. ئارقىدىنلا، توپىلاڭچىلار يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا تاش ئېتىشقا باشلىغان، بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەلگەن كۆپ نەپەر قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكىرى تاش تېگىپ يارىلانغان، قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ ھەربىي ئاپتوموبىللىرىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

جىددىي ئەھۋالدا، يېقىن ئەتراپتا قوغدىنىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان شۇ شىنجيەن ئۆزى باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۈچ نەپەر قابىل كۈچنى ئېلىپ توپىلاڭ نەق مەيدانىغا قاراپ ماڭغان. ئۇلار ئاپتوموبىل بىلەن بارىن يېزىسى ئەتراپىدىكى بىر كۆۋرۈك بېشىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز بىر توپ قوراللىق توپىلاڭچى ئۇنسۇرنىڭ توسۇپ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان، شۇ شىنجيەن ئىختىيارسىز قورالنى چىقارغان، ئەمما ئەتراپتا ئاممىنىڭ بىرقەدەر كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، كېچىدە بىگۇناھ ئاممىنى يارىلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىپ، سەل ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن قورالنى يىغىشتۇرۇۋالغان، دەل شۇ پەيتتە، قولىدا كالتەك كۆتۈرۈۋالغان توپىلاڭچىلار شۇ شىنجيەننى قاتتىق ئۇرۇپ يەرگە يىقىتىپ، خەنجەرنى چىقىرىپ ئۇنىڭ كۆكرەك قىسمى، قورساق قىسمىغا تىقىۋەتكەن. توپىلاڭچىلارنىڭ قەبىھ قىلمىشى داۋامىدا شۇ شىنجيەن ھەم ئۈچ نەپەر ئوفىتسېر ـ ئەسكەر قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە، ئاقتۇ چېگرا مۇداپىئە چېگرا باشقۇرۇش چوڭ ئەترىتىدىكى خەلق ساقچىلىرى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان پامىر ئېگىزلىكىدە، باشقۇرۇپ كونترول قىلىدىغان 300 كىلومېتىردىن ئارتۇق چېگرا لىنىيەسى ئايرىم ـ ئايرىم تاجىكىستان ۋە قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگراغا قاراشلىق رايوندا تاغلار گىرەلىشىپ كەتكەن، قارلىق تاغلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن ئاشىدۇ.

شۇ شىنجيەننىڭ قېنىنى پامىر ئېگىزلىكىگە تۆكۈپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ، ھاياتى ئارقىلىق ۋەتىنىنىڭ چېگرا مۇداپىئە سېپىنى قوغدىغانلىق ئىش ئىزلىرى كۆپچىلىكنى ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ كەلمەكتە. خەلق ساقچىلىرى مۇنداق بىلدۈردى: ئىنقىلابىي قۇربانغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىمىزنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ياشلىق باھارىمىز ۋە تەرىمىز بىلەن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى تىرىشىپ قوغداشقا ئىرادە باغلايمىز.

دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، 1998 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، شۇ شىنجيەننىڭ ئوغلى شۇ ۋېيمۇ ئارزۇسى بويىچە ھەربىي فورما كىيىپ ھازىرغىچە، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلماقتا. شۇ ۋېي مۇنداق بىلدۈردى: دادامغا ئوخشاش جاسارەتلىك، شىجائەتلىك ھەربىي بولۇپ، دادامنىڭ پولات مىلتىقىنى قولۇمغا ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئاتاكىغا ئۆتىمەن!

# دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىنى سىجىل، چوڭقۇر، ياخشى تۇتۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنى چۆرىدەش، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىدە باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى، شەھەر قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسى تەدرىجىي ئۆستى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىگە ماسلىشىش، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇشقا بولغان مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىككە بولغان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇشنى چۆرىدەپ، مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى بەرپا قىلىش خىزمىتىگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىشتىكى روھ قۇرۇلۇشى قىلىپ، دۆلەت ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى تەشۋىقات تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئىنقىلابىي مەدەنىيەت، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەدەنىي جەمئىيەت كەيپىياتىنى پائال يېتىلدۈرۈش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ھازىرقى جەمئىيەت مۇقىم بولغان ياخشى ھالىتى ۋە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ جۇش ئۇرۇپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، يول ئېچىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان روھىي قىياپىتىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، نامايان قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك. شەھەر باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، شەھەر مۇھىتىنى ئەللاشتۇرۇش، شەھەرلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىشقا كۈچەپ، ئەخلاق ـ پەزىلەتكە، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان، ئىتتىپاق، ئىناق بولغان، ئىگىلىك تىكلەشكە باب كېلىدىغان، ياشاشقا باب كېلىدىغان، خەلق رازى بولىدىغان مەدەنىي شەھەرنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەرپا قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىش ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىشنى خەلق ئاممىسى ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان ئەلرايى قۇرۇلۇشىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا، كۈيتۇن شەھىرى قاتارلىق 39 شەھەر(شەھەر رايونى، ناھىيە بازىرى) ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي شەھەر(شەھەر رايونى، ناھىيە بازىرى) نامىغا ئېرىشتى. كۈيتۇن شەھىرى، قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي رايونى، ئاۋات ناھىيەسىدىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈچ مەدەنىي شەھەر(شەھەر رايونى، ناھىيە بازىرى)نىڭ ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرىدىن مانەن زەينەل، رېن خۇا، ئىلھام سابىر، غەيرەت ئۆمەر يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)